# 43485 ـ قىزلارنىڭ قىسقا ۋە يالىڭاچ-ئوچۇق- كىيىملەرنى كىيىشى توغرىسىدا

**سۇئال**

بالاغەتكە يەتمىگەن قىزلار جىنسى ئىشتان ۋە ئوچۇق كىيىملەرنى كىيىشى توغرا بولامدۇ؟. بۇ ھەقتە چۈشەنچە بېرىشىڭلارنى سورايمەن.

**تەپسىلى جاۋاپ**

بارلىق گۈزەل مەدھىيىلەر ئالەملەرنىڭ رەببى بولغان ئاللاھقا خاستۇر، پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا، ئائىلە تاۋابىئاتلىرىغا ۋە ساھابىلارغا ئاللاھنىڭ رەھمەت سالاملىرى بولسۇن.

كىچىك ئوغۇل-قىزلارنىڭ ئەۋرىتى توغرىسىدا قۇرئان، ھەدىستىن ئوچۇق دەلىل كەلمىگەن، كۆپچىلىك پىقھى ئالىملىرى: "ئەگەر قىز بالا ساغلام تەبىئەتلىك كىشىلەرنىڭ قارىشىدا باشقىلارنىڭ مەيلىنى تارتقۇدەك بولىدىكەن، ئۇ ۋاقىتتا ئۇنىڭ ئەۋرىتىمۇ بالاغەتكە يەتكەن قىزلارنىڭ ئەۋرىتىگە ئوخشاش بولىدۇ، ئەمما باشقىلارنىڭ مەيلىنى تارتقۇدەك بولمىغان بولسا، مۇشۇ ياشقا يەتكۈچە ھىجاپقا رۇخسەت قىلىنىدۇ"دېگەن.

شەيخ ئىبنى ئۇسەيمىن رەھىمەھۇللاھ مۇنداق دەيدۇ: "كىچىك قىزچاقنىڭ ئەۋرىتىگە ھۆكۈم يوق، ئۇنىڭ يۈزىنى، بويىنىنى، قولى ۋە پۇتىنى ئورىشى كېرەك بولمايدۇ، كىچىك بالىنى بۇنىڭغا مەجبۇرلاشمۇ توغرا بولمايدۇ، لېكىن قىزچاق ئەرلەرنىڭ كۆڭلى مايىل بولىدىغان، شەھۋەتنى قوزغايدىغان ياشقا يېتىدىكەن، پىتنە-پاساتنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئورنىنىشى كېرەك بولىدۇ، بۇ ئاياللارنىڭ ئوخشىماسلىقى بىلەن ئوخشاش بولمايدۇ، بەزى قىزلارنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىشى بەك تېز بولۇپ بالاغەتكە يەتكەندەك كۆرىنىدۇ، بەزى قىزلار بۇنىڭ ئەكسىچە يېشى چوڭايسىمۇ يەنىلا كىچىك قىزدەك كۆرۈنىدۇ.

ئوچۇق كىيىملەرنى كىيدۈرۈش مەسىلىسىگە كەلسەك، قىزلارنى كىچىكىدىن باشلاپ بۇنداق كىيىملەرنى كىيىشكە ئادەتلەندۈرمەسلىك كېرەك. مۇھىمى قىزلار پەزىلەت، ھايانى سۆيىدىغان ئادەت بىلەن يېتىلىشى كېرەك. شۇنىڭ ئۈچۈن ئىسلام بالىلارنىڭ نامازنى ئۆگىنىشى ئۈچۈن ئۇلارغا ئۆگىنىش باسقۇچى قىلدى، تۇيۇقسىزلا نامازنى پەرز قىلمىدى، چۈنكى بالىلار ئادەتلىنىش ۋە كۆپ مەشىق قىلىشقا ئېھتىياجلىق بولىدۇ.

قىزلار توققۇز ياشقا كىرگەندە ئۇنى نامازغا ئادەتلەندۈرۈش، بالاغەتكە يېتىشتىن بۇرۇن ئۇنىڭغا پەرز بولىدىغان ئىشلارنى بىلدۈرۈش كېرەك.

قىزلارنىڭ ئەۋرىتىنى ئوراش بىلەن ئورىماسلىقنىڭ بەلگىلىمىسىنى قىزلارنىڭ ھەيز كۆرۈش بىلەن ئايالىلىق باسقۇچىغا يېتىدىغان باسقۇچقا بېكىتىش ئەقىلگە ئۇيغۇنمۇ ئەمەس ۋە بۇنداق قىلىش توغرا بولمايدۇ.

شەيخ ئىبنى ئۇسەيمىن رەھىمەھۇللاھ مۇنداق دەيدۇ" :مېنىڭچە ئىنساننىڭ كىچىك قىزلىرىغا شۇ ۋاقىتتىن باشلاپلا ئۇچۇق كىيىملەرنى كەيدۈرۈپ ئادەتلەندۈرىشى توغرا بولمايدۇ، چۈنكى قىزچاق كىچىكىدىن شۇنىڭغا ئادەتلىنىپ قالسا، كېيىنمۇ بۇنىڭغا پەرۋا قىلمايدۇ، ئەگەر كىچىكىدىن ئۇرۇنۇپ ئۆسۈپ يېتىلسە، چوڭ بولغاندىمۇ شۇ ھالەتتە قالىدۇ، مۇسۇلمان ھەمشىرىلىرىمىزگە قىلىدىغان نەسىھىتىمىز: ئىسلامى ئەخلاققا زىت بولغان، دىن دۈشمەنلىرىنىڭ كىيىملىرىنى دوراپ كىيمەسلىك، قىزلارنى كىچىكىدىن ئىپپەتلىك، ھايالىق كىيىملەرنى كىيىشكە ئادەتلەندۈرۈش كېرەك، چۈنكى بۇمۇ ئىماننىڭ جۈملىسىدىن" ."[شەيخ ئىبنى ئۇسەيمىننىڭ دەۋەت ژورنىلىدىكى پەتىۋالىرىدىن- 1709 "سان- 35 بەت].

ھەممەيلەنگە مەلۇمكى، يەتتە ياشتىن كىچىك باللارنىڭ ئەۋرىتىگە ھۆكۈم يوق، لېكىن كىچىك قىزلارنى مۇشۇنداق ئوچۇق، قىسقا كىيىملەرگە كۆندۈرۈپ قويسا، شەكسىزكى، ئۇلارغا كەلگۈسىدە ئەۋرىتىنى ئېچىش ئېغىر تۇيۇلمايدۇ، بەلكى بەزى ۋاقىتتا يوتىلىرى ئېچىلىپ قالسىمۇ كىشىلەردىن ھايا قىلمايدۇ، چۈنكى ئۇ كىچىكىدىن يوتىسىنى ئېچىپ ئادەتلەنگەن بۇنى يېپىشقا كۆڭۈل بۆلمىگەن.

گەرچە باللار كىچىك بولسىمۇ ئۇلارنى مۇنداق كىيىملەرنى كېيىشتىن چەكلەش ياخشى بولىدۇ .